## 149507 ـ ئۆچ كۈندىن كېيىن تەزىيە بىلدۈرۈشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

بىزنىڭ يۇرتىمىزدا تەزىيەنى ئۆچ كۈندىن ئارتۇق داۋاملاشتۇرۇش ئادەت بولۇپ قالغان، چۈنكى ئارىلىق يىراق بولغانلىقى، بەزىمىز مېيىتنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى كېچىكىپ ئاڭلىغانلىق سەۋەبلەردىن ئۆچ كۈندىن ئارتۇق داۋاملىشىدۇ، بەزى ۋاقىتتا تۆت كۈندىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ، بۇنداق قىلساق توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

تەزىيەنىڭ ئۆچ كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك سەپ بەلگىلەنگەن ئېنىق ۋاقتى يوق، بەزى ۋاقىتتا تەزىيە بىلدۈرگۈچىلەر مۇسىبەت يەتكەننى تۆت-بەش كۈندىن كېيىن بىلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۆچۈن تەزىيە بىلدۈرۈشنىڭ ئېنىق بەلگىلەنگەن ۋاقتى بولمايدۇ. مۇسىبەت خەۋىرى قاچان يەتسە شۇ ۋاقىتتا تەزىيە بىلدۈرىدۇ، ئۆچ كۈن، بەش كۈن ھەتتا بۇنىڭدىن كۆپ بولۇشى مۇمكىن، ئۆچ كۈن دېگەن مەيىتكە قارىلىق تۇتىدىغان ۋاقىتتۇر. يەنى ئايال كىشى ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى ئۆچۈن ئۆچ كۈن قارىلىق تۇتىدۇ (يولدىشىدىن باشقا). پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئايال ئۆزىنىڭ يولدىشىدىن باشقا تۇغقانلىرىغا ئۆچ كۈندىن ئارتۇق قارىلىق تۇتمايدۇ». مېيىتنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ مەيىت ئۆچۈن ئۆچ كۈندىن ئارتۇق قارىلىق تۇتۇشى توغرا بولمايدۇ. ئەمما تەزىيە ئۆچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىت بولمىغانلىقى ئۆچۈن ئۆچ كۈندىن ئېشىپ كەتسىمۇ بولىدۇ، شۇنىڭدەك مەيىت ئىگىلىرىگە خولۇم-خوشنىلىرى ۋە يېقىنلىرى ئۆچ كۈن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ۋاقىتتا يېمەكلىكلەرنى تەييار قىلىپ ئەلىپ كەلسە بولىدۇ، چۈنكى بۇنىڭ ئۆچۈنمۇ شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ئېنىق بىر ۋاقىت يوق". [پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ. "نۇرۇن ئەلەددەربى پەتىۋاسى"2/1127].

ھۆرمەتلىك شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھنىڭ.

"نۇرۇن ئەلەددەربى پەتىۋاسى"2/1127. دىن ئېلىندى.